# 36600 - ھەج پائالىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئادەتنى كېچىكتۈرۈش دورىسى ئىشلىتىشى دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سوئال

ھەج پائالىيىتىنى كىشىلەر بىلەن بىرگە تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئادەتنى كېچىكتۈرۈش دورىسى ئىشلىتىشى توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق
گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى
بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى
ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتۋە سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللارنىڭ
رامىزان كۈنلىرىدە كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە روزا تۇتۇشى
ئۈچۈن، ھەج ئىبادىتى جەريانىدىمۇ كىشىلەر بىلەن
بىرلىكتە تاۋاپ قىلىش ۋە ھەج ئەمەللىرىنى
بىكار قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئادەت كېلىشنى
چەكلەيدىغان دورىلىرىنى ئىشلەتسە بولىدۇ، ئادەتنى
كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن دورىدىن باشقا شەرئەتتە
چەكلەنمىگەن ۋە زىيانلىق بولمىغان نەرسە
بولسىمۇ بولىدۇ”. بۇنىڭ بىلەن شەيخ ئىبنى
باز رەھمەھۇللاھنىڭ سۆزى تۈگىدى.